# «سومقاغو»، «چاقاغا»، «ئامانقاغا» قاتارلىق يەر ناملىرى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئەھمىدى

قۇمۇل نىسبەتەن قەدىمكى جايلارنىڭ بىرى. بۇ جايدا قەدىمكى «تۇر»، «قورۇل»، «قاغا»، «قاغۇ» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جايلار ئاز ئەمەس. ھازىر ئۇلارنىڭ خارابىلىرى (ۋە بىر قىسىم بۇزۇلمىغانلىرىمۇ) ساقلانماقتا. پەقەت «قاغا» دەپ ئاتالغانلىرىدىن («تۇر» لارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 20 كىلومېتر شەرقىدىكى ھازىرقى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدا قەدىمكى بىر «قاغا» بولۇپ، بۇ «ساقاغا» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن 18 كىلومېتر شەرقتە «قاغىلىق» (قاغىلىق پويىز ئىستانسىسى) دېمۇ بىر «قاغا» بولغان؛ قۇمۇل شەھىرىنىڭ بەش كىلومېتر شىمالىدا «ئامانقاغا»، ئۇنىڭدىن 10 كىلومېتر شىمالىدا «ئۇچقۇرۇل» دەپ ئاتالغان «قاغا» ۋە «قۇرۇل» لار بولغان؛ قۇمۇل شەھىرىنىڭ 15 كىلومېتر غەربىدە «راۋات» دەپ ئاتالغان جايدا بىر «قاغا»، ئۇنىڭدىن 10 كىلومېتر غەربتە «سومقاغو»، ئۇنىڭدىن 15 كىلومېتر غەربتە «لاقسۇم» دېگەن جايدا بىر «قاغا»، ئۇنىڭدىن 10 كىلومېتر غەربتە — لاپچۇقتا بىر «قاغا»، ئۇنىڭدىن يەنە 10 كىلومېتر غەربتە «ئاقتېرەك قۇرۇل»، ئۇنىڭدىن 10 كىلومېتر غەربتە «چاقاغا» قاتارلىق قاغالار بولغان. قۇمۇل شەھىرىدىن 10 كىلومېتر جەنۇبتا «ئېلىكە قاغا»، ئۇنىڭدىن 10 كىلومېتر جەنۇبتا «قارىتال قاغا» قاتارلىقلار بولغان. بۇندىن باشقا لاپچۇقتىن تايىزاڭغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەمدە توغۇچىدىن جىگدەنىڭ «قاغا» دېگەن يېرىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قانچە ئورۇندا «قاغا» لار بولغان (ئاز قىسمى ھازىرمۇ بار).

بۇ جايلارغا نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق «قاغا»، «قاغۇ» دېگەندەك ئىسىملارنىڭ قويۇلغانلىقى ۋە قايسى دەۋرلەردە بىنا قىلىنغانلىقى ھەققىدە خىلمۇ خىل پىكىر ۋە قاراشلار ساقلىنىپ كەلمەكتە:

1. «سومقاغو»، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىغا قاراشلىق كەنت بولۇپ قۇمۇل شەھىرىنىڭ 30 كىلومېتر غەربىدە.

قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە بۇ جاي بىر «قازىبەك» لىك (دورغالىقتىن چوڭراق) ئورۇن ئىدى. ھازىرقى ئاستانە يېزىسىغا قاراشلىق جايلارنىڭ ھەممىسى ئوشۇ «سومقاغو» قازىبەگلىكىگە قاراشلىق بولغان.

«سۇمقاغۇ» دا قەدىمكى «قارغۇ» بولغاندىن تاشقىرى، مەنچىك خانلىرى دەۋرىدە بۇ مەھەللىنىڭ شىمالىغا يەنە بىر ئەسكەرخانە بىنا قىلىنغان. ھازىر بۇلارنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

بۇ جاينىڭ «سۇمقاغۇ» دەپ ئاتىلىشى توغرۇلۇق خەلق ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت تارقالغان: «قۇمۇل خەلقى يېڭىلا ئىسلام دىنىغا تەرغىپ قىلىنىۋاتقان مەزگىللەردە، مۇشۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە ئىسلام دىنى ھۆكۈملىرىدىن تەلىم بېرىش ئۈچۈن «سوپام» دەپ ئاتالغان بىر كىشى كەلگەن. ئۇ كىشى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. بىر كۈنى سوپام نامازغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئىستىنجا قىلىۋاتقاندا كىچىك بالىلار سوپامنىڭ بۇ ئىشىغا ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ كەينىنى كۆتىرىۋەتكەن. سوپام بۇ ئىشقا خاپا بولۇپ: «شۇمقاغۇرلار» دەپ قاغاپ تاشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۇلارنى «شۇمقاغۇرلار» دەپ ئاتىغان. زامانلار ئۆتۈپ بۇ سۆز ئاشۇ جايغا ئىسىم بولۇپ «شۇمقاغۇ» ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن «سۇمقاغۇ» غا ئۆزگىرىپ كەتكەن، دېيىشمەكتە.

شۇنىڭدەك قۇمۇل شەھىرى ئالتۇزاق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ شىمالىدىكى جىگدە كەنتىنىڭ شەرقىدىكى «قاغا» دەپ ئاتالغان جايدا بىر مازار بولۇپ، ئەينى زاماندا شۇ يەرلىك كىشىلەر بۇ مازاردا ياتقان كىشىنىمۇ مەلۇم سەۋەب بىلەن خاپا قىلغانلىقتىن ئۇلارنىمۇ «قاغىلار» دەپ قاغاپ تاشلىغان ئىكەن. كېيىن مۇشۇ يەرلىك كىشىلەرنى قۇمۇلنىڭ باشقا جايلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر «قاغىلار» دەپ ئاتىغان. يۇقىرىلەرگە قويۇلغان لەقەم ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىن بۇ جايغا ئىسىم بولۇپ «قاغا» دەپ ئاتالغان. دېيىشمەكتە. ئومۇمەن قۇمۇلدىكى «قاغا» ئاتالغان جايلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش رىۋايەتلەرگە باغلاپ كەلگەن.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ 38 كىلومېتر شەرقىدىكى «قاغىلىق» پويىز ستانسىسى ئورۇنلاشقان جايدا جانىۋار قاغا كۆپ بولغان سەۋەبلىك «قاغىلىق» ئاتىغان دېگەندەك گەپلەر بار. بۇ خىل رىۋايەت ۋە قاراشلار، قۇمۇلدىكى مەزكۇر جايلارنىڭ ئاشۇنداق ئاتىلىشىغا ئىلمىي ئاساس بولالمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئەپسانە ياكى رىۋايەت دەپ قاراشقا بولىدۇ.

چۈنكى: ئىسلام دىنى قۇمۇلغا XV ئەسىردىن باشلاپ كىرگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلارنىڭ نامىلىرى قۇمۇلغا ئىسلام دىنى كىرىشتىن كۆپ يىللار ئىلگىرى قويۇلغان ئىسىملار بولۇپ، ئۇ چاغلاردا نەدىمۇ كارامەت ئىگىسى سوپاملار بولسۇن.

يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، سىياسەتچانلىقى، پەننىيلىكى كۈچلۈك خىزمەت. شۇنداقلا رايونىمىزنىڭ تارىخىنى (تىل تارىخىنى)، جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز يەر ناملىرىنى تەكشۈرگەندە، شۇ جاينىڭ كىملەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى، قانداق قەبىلە ۋە قانداق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى، شۇ جاينىڭ تارىخىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقى، شۇ يەرنىڭ قايسى تىلدا ئاتىلىشى، يېزىلىشى، مەنىسى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى، تەرەققىيات جەريانى قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق، تەپسىلىي ئىگەللەپ ئاندىن بېكىتىشىمىز لازىمكى، ھەرگىز يەر ناملىرىنى خالىغانچە ئىزاھلىماسلىقىمىز، يېڭىلىك بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ «falal» شەكلىدىكى ھەر خىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابىدا: «قرغوى karIOuy — تۇر. تاغنىڭ تۆپىسىگە ئوت يېقىپ دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ كىشىلەر تەييارلىق قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يۇقىرىقى ئىزاھلىشىغا ئاساسلانغاندا، «سۇمقاغا» نىڭ ئەسلى «سۇۋۇل قارغۇي» بولۇپ ئىككى سۆزدىن بىرىككەن ئىسىمدۇر. بۇنىڭدىكى 1-سۆز «سۇۋۇل» بىرلىيەنگە تەڭ ئەسكەر بىرلىكىنى بىلدۈرسە، 2-سۆز «قارغۇي» بولۇپ يىراقلارغا قاراپ كۆزىتىدىغان تۇرنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىكى 1-بوغۇم «قار» غا 2-بوغۇم «غۇي» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ياسالغان ئىسىمدۇر. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بويىچە «سۇۋۇل» دىكى «ل» ھەرپى بىلەن «قارغۇي» دىكى 3-ھەرپ «ر» بىلەن 6-ھەرپ «ي» چۈشۈپ قېلىپ «سۇمقاغۇ» ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى بىرلىيەنگە تەڭ ئەسكەر تۇرىدىغان ئورۇن (قارغۇ) دېمەكتۇر.

ھازىر بەزىلەر «سۇمقاغۇ» دېسە، بەزىلەر «سۇمقاغا» دەپ ئاتاپ ھەم يېزىپ كەلمەكتە. بىزنىڭچە، «قارغۇ» بىلەن «قاغا» ئوخشاشلا يىراقلارغا قاراپ كۆزىتىدىغان تۇر مەناسىنى بىلدۈرىدۇ. قۇمۇلدا مۇتلەق كۆپچۈلۈك ئورۇنلار («سۇمقاغۇدىن باشقا») نى «قاغا» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. «قاغا» نىڭ ئەسلى «قاراغا» بولۇپ، يىراق-يىراقلارغا قاراپ كۆزىتىدىغان ئورۇن دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن «ر» ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ «قاغا» بولۇپ

قالغان بولۇشى مۇمكىن. ھەر ئىككى شەكىلنىڭ ئالدىنقى بوغۇمى «قارا» ۋە «قار» - قاراش، قارىماق مەنالىرىغا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭغا «غۇ» ياكى «غا» قوشۇمچىسى ئۇلىنىش بىلەن «قارغۇ»، «قارغا» دېگەن ئىسىملار ياسالغان. «سۇمقاغۇ» دېگەندىكى «قاغۇ» غا «سۇمۇل» سۆزى قوشۇلۇپ ئېيتىلغىنىغا قارىغاندا ئەينى زاماندا بۇ جاينىڭ باشقا ئورۇنلارغا نىسبەتەن چوڭراق ياكى مۇھىمراق ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2. «چاقاغا» قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق قاردۆۋە يېزىسىنىڭ ئاقتېرەك كەنتىگە قاراشلىق بىر مەھەللىنىڭ ئىسمى. بۇ قۇمۇلنىڭ ئادەم ئولتۇراقلاشقان جايلىرىنىڭ غەربىي چېتى. بۇ يەردىكى «قاغا» ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ بېشىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇمۇلنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى «قاغا» لارنىڭ ئەڭ چەتتىكى (6 - سى) سى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جايىنى «چات قاراغا» دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن «چات قاراغا» دىكى 3 - ھەرپ «ت» بىلەن 6 - ھەرپ «ر» 7 - ھەرپ «ا» لار چۈشۈپ قېلىپ «چاقاغا» ئاتالغان بولسا كېرەك.

3. «ئامانقاغا» قۇمۇل شەھىرىنىڭ 5 كىلومېتىر شىمالىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى. بۇ يەردىمۇ شىمال تەرەپنى كۆزىتىدىغان قەدىمكى بىر «قاغا» بولغان. قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، ۋاڭلار تەرىپىدىن گۇناھكار قىلىنغان كىشىلەرنى مۇشۇ جايدا قامىغان. بۇ گۇناھكارلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارنىڭ ئىسمى «ئامان خوجا» بولغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ جايغا ئامان خوجىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ «ئامان قاغا» دەپ ئاتىغان.

4. قۇمۇل شەھىرىنىڭ 20 كىلومېتىر شەرقىدە «ساقاغا» ئاتالغان جاي بولۇپ، بۇ يەردىمۇ قەدىمىي «قاغا» بولغان. بۇ جاينىڭ ئەسلى ئىسمى «ساقا» بولۇپ، بۇنىڭغا «قاغا» نى ئۇلاپ «ساقا قاغا» ئاتالغان. كېيىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «ساقاغا» ئاندىن كېيىن «ساقا» بولۇپ قالغان.

5. قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئېلىكە قاغا»، «قارىتال قاغا» لار ئورۇنلاشقان مەھەللە ئىسىملىرى قوشۇلۇپ ئېلىكە مەھەللىسىدىكى «ئېلىكە قاغا»، قارىتال مەھەللىسىدىكى «قارىتال قاغا» دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان «قارغۇ» («قاغا») لار توغرۇلۇق «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ 96 - بېتىدە «قاراخانىلار دەۋرىدە مەركەزدىن يىراق جايلاردىكى ئېلىك خان ۋە مۇستەقىل يەرلىك خانلار ئوتتۇرىسىدا چاپارمەنلەر يۈرۈپ تۇراتتى. قارغۇلار بار ئىدى. قارغۇلاردا تۇرغان قاراۋۇللار

كېچىسى ئوت يېقىش، كۈندۈزى بايراق لەپىلدىتىش بىلەن مەركەزگە ئالاقە يوللاش ئىشلىرىنى قىلاتتى» دەپ يازىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قۇمۇلدىكى «قارغۇ» («قاغا») لار جايلاشقان جايلار قۇمۇلنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جايلار بولۇپ، قۇمۇلنى چەتتىن كەلگەن دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىش ئېھتىياجى بىلەن بىنا قىلىنغاندۇر. بۇ «قارغۇ»، («قاغا») لارنىڭ بىرى - بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 - 15 كىلومېتىر بولۇپ، تۈز سىزىق بويىچە بىر - بىرىگە ئۇدۇل ئورۇنلاشقان. بۇ قارغۇلاردا دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز كىشىلەر كۈزەتچىلىك قىلغان. قايسى تەرەپتىن دۈشمەن شەپىسى سېزىلسە شۇ تەرەپتىكى قارغۇغا ئوت يېقىپ ياكى بايراق چىقىرىپ خەۋەر قىلغان. بۇنى كۆرگەن 2 - قارغۇ مۇشۇنداق قىلىپ خەۋەر بەرگەن، بۇنىڭدىن قۇمۇل خەۋەر تېپىپ دۈشمەنگە قارشى تەييار تۇرغان.

بىز قۇمۇلدىكى قارغۇ (قاغا) لارنى تەكشۈرگىنىمىزدە ھازىر ساق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنى «چاقاغا»، «ئاقتېرەك قورۇل»، «ئېلىكە قاغا»، «قارىتال قاغا» لاردىن ئىبارەت. قاردۆۋەنىڭ غەربىي چېتىدىكى بىر «قاغا» خارابىسىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، ئۇ يەردىن ئىككى مېتىر قېلىنلىقتا كۈل بارلىقىنى بايقىدۇق. مانا بۇ «قاغا» لارنىڭ بېشىغا ئوت يېقىپ خەۋەر قىلغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر.

«قارىتال قاغا» نى تەكشۈرگىنىمىزدە، ئۇ، بىر قۇم ئېگىزلىكىنىڭ بېشىغا ئورۇنلاشقان. «قاغا» نىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ. بۇ «قاغا» خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. ئىشلەتكەن كېسەكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 سم، كەڭلىكى 17 سم، قېلىنلىقى 13 سم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشىكى غەربكە قارىتىلغان بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئېگىزلىكى 130 مېتىر، بۇنىڭ ئىچى ئۈچ پەلەمپەي، تۆپىسى يۇمىلاق، تاملىرىنىڭ قېلىنلىقى 1.6 مېتىر، «قاغا» نىڭ تۆۋى تەرىپى كەڭ، باش تەرىپى تار (ئۇچلۇق) شەكىلدە، «قاغا» نىڭ تۆۋەن تەرەپىدە نەقىشلەر بار. «قاغا» ئەتراپىدىن ساپال پارچىلىرى، تاشقورallar تېپىلدى.

«قاغا» نىڭ بېشىغا چىقىش ئۈچۈن، ئىچىدىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە پەلەمپەي ياسالغان. ئالتۇزاق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ شىمالىدىكى «قاغا» نى تەكشۈرگىنىمىزدە بۇ يەردىكى «قاغا» نىڭ خارابىسىغا يېقىن جايدا ئىككى مودەك بىر مەيداندا ئاقتۇمشۇق تاشقورال خارابە ئىزىنى ئۇچراتتۇق. ئۇ بىر تاسادىپىي ئەھۋال بولماستىن، بۇ، قاغالارنىڭ بىنا قىلىنغان ۋاقتىنى ئېنىقلاشقا پايدىلىق پاكىتلاردۇر. يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ «قاغا» لار يېقىنقى زاماننىڭ مەھسۇلى

(داۋامى 24 - بەتتە)